(بېشى 12 - بەتتە)

پايچېكلارنىڭ پاي ھوقۇقى سودىسى ۋە باغلىنىشلىق سودىسىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. كاپىتال بازىرىنىڭ ئاساسىي تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۆپ قاتلاملىق كاپىتال بازىرى سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مەبلەغ سالغۇچى ئاپپاراتلارنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بىۋاستە مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش بولۇپمۇ پاي ھوقۇقى ئارقىلىق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. پاي چېكى تارقىتىشنى تىزىملىتىش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، دائىملاشقان بازاردىن چېكىنىش مېخانىزمى ئورنىتىپ، پېيى بازارغا سېلىنغان شىركەتلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. يېڭى ئۈچىنچى بازار ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم. بازارلاشقان زايوم تارقىتىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، زايوم بازىرىنىڭ كۆلىمىنى پۇختا قەدەم بىلەن كېڭەيتىپ، زايوم مەھسۇلاتلىرىنى بېيىتىپ، ئۇزاق مۇددەتلىك دۆلەت زايومى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇل ئەسلىھە زايومى تارقىتىش لازىم. مەبلەغ سالغۇچىلارنى قوغداش تۈزۈمى ۋە ئامانەت پۇل سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. زامانىۋى پۇل مۇئامىلە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈمىدىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاپ، پۇل مۇئامىلىدە يېڭىلىق يارىتىشنى ئېھتىياتچان نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئاساسىدا تەرتىپلىك ئىلگىرى سۈرۈپ، خەۋپ - خەتەرنى تولۇق نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش رامكىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنىڭ ئاشكارىلىقى ۋە قانۇنچىللىق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. پۇل مۇئامىلە پەن - تېخنىكىسىنى پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى رەقەملەشتۈرۈشنى تېزلىتىش كېرەك. نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش پەن - تېخنىكىسىنى قوللىنىش ۋە پۇل مۇئامىلىدە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ خەۋپ - خەتىرىنى باھالاشنى كۈچەيتىپ، يېڭىلىق يارىتىش مەھسۇلاتلىرىنىڭ نۇقسان تۈزىتىش ۋە توختىتىپ تۇرۇش مېخانىزمى ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە ئۇنى ئورنىتىش كېرەك.

## 22 - باب هۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش

ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، مەسئۇلىيىتى ئايدىڭ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزىدىغان ھۆكۈمەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەشتە يېڭىلىق يارىتىپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىدارە قىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

### 1 - پاراگراف ماكرو ئىگىلىكنى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش

دۆلەتنىڭ تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى ئىستراتېگىيەلىك يېتەكچى، مالىيە سىياستى ۋە پۇل سىياستىنى ئاساسىي ۋاستە قىلغان، ئىشقا ئورۇنلىشىش، كەسىپ، سېلىنما، ئىستېمال، مۇھىت ئاسراش، رايون قاتارلىق جەھەتلەردىكى سىياسەتلەر زىچ ماسلاشتۇرۇلغان، نىشانى ياخشى، ئىش تەقسىماتى مۇۋاپىق، ئۈنۈملۈك ماسلىشىدىغان ماكرو ئىگىلىكنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. دۆلەت تەرەققىيات يىرىك پىلانىنىڭ ئاممىۋى خاسىيەت، تېررىتورىيەلىك تەرەققىيات، بايلىق تەقسىماتى قاتارلىق سىياسەتلىرىنىڭ ماكرولۇق يېتەكلەش ۋە بىرتۇتاش ماسلاشتۇرۇش فۇنكسىيەسىنى كۈچەيتىپ، ماكرو سىياسەت تۈزۈش ۋە ئىجرا قىلىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، كۆزلىمىنى باشقۇرۇش ۋە يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشى، ئىشقا ئورۇنلىشىش، باھا، خەلقئارا كىرىم - چىقىم قاتارلىقلارنىڭ تەڭشەش - تىزگىنلەش نىشانىنى مۇۋاپىق ئېنىقلاپ، دائىرىلىك تەڭشەش - تىزگىنلەش ئاساسىدا نىشانلىق تەڭشەش - تىزگىنلەش، ئەھۋالغا قاراپ تەڭشەش - تىزگىنلەش ۋە دەل جايىدا تەڭشەش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش لازىم. ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش سىياسەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دەۋرىيلىك ھالقىغان سىياسەتلەرنى ياخشى لايىھەلەپ، تەتۈر دەۋرىيلىك تەڭشەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ ئومۇمىي مىقدارى تەڭپۇڭ، قۇرۇلمىسى ياخشى، ئىچكى - تاشقى جەھەتتىن تەڭپۇڭ بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ماكرو ئىگىلىكنى ئىدارە قىلىش سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى كۈچەيتىپ، چوڭ سانلىق مەلۇمات قاتارلىق زامانىۋى تېخنىكىلىق ۋاستىلارنىڭ ئىدارە قىلىشقا ياردەمچى بولۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئىستاتىستىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ماكرو ئىگىلىك سىياسەتلىرىنى باھالاش تۈزۈمى ۋە زور خەۋپ - خەتەرنى پەرقلەندۈرۈش - سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، سىياسەت تۈزۈشكە قاتنىشىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، تەدبىر بەلگىلەشنىڭ ئىلمىيلىشىش، دېموكراتىيەلىشىش، قانۇنچىللىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

### 2 - پاراگراف ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان تىجارەت مۇھىتى بەرپا قىلىش

مەمۇرىيەتنى ئىخچاملاپ ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىش، ھوقۇق بېرىش بىلەن باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش، مۇلازىمەتنى ياخشىلاش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇق - مەسئۇلىيەت تىزىملىكى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، بازارلاشقان، قانۇنچىللاشقان، خەلقئارالاشقان تىجارەت مۇھىتىنى داۋاملىق ياخشىلاش لازىم. مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن بازار ئىجازىتى پاسسىپ تىزىملىك تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، تىزىملىك سىرتىدىكى تاشقى يوشۇرۇن ئىجازەت توسۇقلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، مۇلازىمەتچىلىكنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ھالدا ئىجازەت چەكلىمىسىنى يەنىمۇ قويۇۋېتىش كېرەك. مەمۇرىي ئىجازەت تۈرلىرىنى ئىخچاملاپ، ساپا - سالاھىيەت ئىجازەتلىرىنى ئازايتىپ ھەمدە بىرىكتۈرۈپ، زۆرۈرىيەتسىز ئەنگە ئېلىش، تىزىملاش، يىللىق تەكشۈرۈش، بېكىتىش تۈرلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، كارخانىغا چېتىشلىق تەكشۈرۈشلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش لازىم. «كىنىشكا بىلەن ئىجازەتنامىنى ئايرىۋېتىش»، «كىنىشكا ئالغاندىن كېيىن ئىجازەتنامىنى ئازايتىش» ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، قۇرۇلۇش تۈرى تەستىقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش ئىجازىتى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى تەستىقلاش تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، كارخانىغا چېتىشلىق تىجارەت ئىجازىتى ئىشلىرىنى تىزىملىك بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش لازىم. قولاي، ئۈنۈملۈك، تەرتىپلىك بولغان بازار سۇبيېكتلىرىنى چېكىندۈرۈش تۈزۈمى ئورنىتىپ، ئاددىيلاشتۇرۇلغان تەرتىپ، كارخانا ۋەيران بولۇش ۋە تەبىئىي ئىگە ۋەيران بولۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. مەمۇرىيەت مۇلازىمىتى ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، تەستىقلاش مۇلازىمىتىنىڭ قولايلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. خەلقئارا سودا «يەككە كۆزنەك» قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم. تىجارەت مۇھىتىنى باھالاش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

### 3 - پاراگراف نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش

«ئىككىنى ئىختىيارىي تاللاش، بىرنى ئاشكارىلاش» بويىچە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ۋە «ئالاقە تورى + نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش» ئاساسىي ۋاستە، نۇقتىلىق نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تولۇقلىما، ئىناۋەتنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئاساس قىلىنغان يېڭىچە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تور ئىچى - سىرتى بىر گەۋدىلەشكەن نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، سۈپەتنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، بىخەتەرلىكنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، بېمەكلىك، دورا، ئالاھىدە ئۈسكۈنە، تور سودىسى، ساياھەت، ئېلان، ۋاسىتىچىلىك، مۈلۈك ئىشلىرى قاتارلىقلارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئامىل بازىرى سودىسىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يېڭى كەسىپ ھالىتىگە قارىتا سىغدۇرۇشچان ۋە ئېھتىياتچان نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش لازىم. بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش بويىچە ئۇنىۋېرسال مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ساھە، تارماق ھالقىپ ھەمتۈرتكىلىك قانۇن ئىجرا قىلىش، ماسلىشىپ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ساھە جەمئىيىتى، سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى ۋە ۋاسىتىچىلىك ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم. ئاممىۋى نازارەتچىلىك ۋە ئاخبارات تاراتقۇلىرى نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك.

# 7 - قىسىم يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش يولىدا مېڭىپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، سانائەت ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى تولۇقلاش، شەھەر ئارقىلىق يېزىنى يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكى بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، شەھەر بىلەن يېزا بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان، ماس تەرەققىي قىلىدىغان، ئورتاق گۈللىنىدىغان يېڭىچە سانائەت - يېزا ئىگىلىكى، شەھەر - يېزا مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولۇپ، يېزا ئىگىلىكى - يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىش لازىم.

## 23 - باب يېزا ئىگىلىكىنىڭ سۈپىتى، ئۈنۈمى ۋە رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش

يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۈللۈق ئورنىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلملىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سۈپەت يۆنىلىشنى كۈچەيتىپ، يېزا - كەنت كەسىپلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

### 1 - پاراگراف يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش

ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئاساسىنى پۇختىلاپ، ئاشلىق، پاختا، ياغ، شېكەر، گۆش، سۈت قاتارلىق مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەمىنات بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. تېرىلغۇ يەرنى قوغداشنىڭ ئەڭ قاتتىق تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، تېرىلغۇ يەرنىڭ كۆلىمىنى قوغداش ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى كۈچەيتىپ، 1 مىليارد 800 مىليون مو تېرىلغۇ يەر قىزىل سىزىقىنى قەتئىي ساقلاپ، تېرىلغۇ يەرنى «يېزا ئىگىلىكىدىن باشقا» ئىشقا ئىشلىتىۋېلىشنى چەكلەپ، «ئاشلىقتىن باشقا» زىرائەت تېرىۋېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تېرىلغۇ يەر ئىگىلەش - تولۇقلاش تەڭپۇڭلۇقىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ياخشى يەرنى ئىگىلىۋېلىپ ناچار يەر تولۇقلاپ بېرىش، سۇلۇق ئېتىزنى ئىگىلىۋېلىپ بىنەم يەر تولۇقلاپ بېرىشنى مەنئى قىلىش لازىم. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش فۇنكسىيەلىك رايونى، مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى قوغداش رايونىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، دۆلەت ئاشلىق بىخەتەرلىكى كەسىپ بەلبېغى قۇرۇپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، 1 مىليارد 75 مىليون مو يۇقىرى ئۆلچەملىك تۇتاش ئېتىز بەرپا قىلىش لازىم. قارا تۇپراقنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، شەرقىي شىمالدىكى قارا تۇپراقنى قوغداش ۋە مۇنبەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك. چوڭ، ئوتتۇرا سۇغىرىش رايونلىرىنى سۇ تېجەيدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش ۋە ئىنچىكە باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تېجەشلىك سۇغىرىش تايانچ قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىش، سۇ باھاسى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتىنى تەڭ قەدەمدە ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. چوڭ، ئوتتۇرا تىپلىق، ئاقىل، مۇرەككەپ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساش ۋە ئىشلىتىشنى كۈچەيتىپ، زىرائەت تېرىش - يىغىشنىڭ ئۇنىۋېرسال ماشىنىلىشىش نىسبىتىنى 75%كە يەتكۈزۈش كېرەك. ئۇرۇق بايلىقىنى قوغداش - ئىشلىتىش ۋە ئۇرۇق ئامبىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۇرۇق مەنبەسى بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. يېزا ئىگىلىك سورت - نەسىل تېخنىكىسىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى كۈچەيتىپ، بىيولوگىيەلىك سورت - نەسىللەرنى كەسىپلەشتۈرۈپ ئىشلىتىشنى تەرتىپلىك ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقئارا رىقابەت كۈچىگە ئىگە ئۇرۇقچىلىق باشلامچى كارخانىلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك. يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش مۇلازىمەت ئۇسۇلىنى يېڭىلاپ، ئاقىل يېزا ئىگىلىكى بەرپا قىلىش لازىم. ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئەسى ۋە زىرائەت كېسەللىك - ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك ھاۋا رايى مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك.




2 - رەسىم: ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش فۇنكسىيەلىك رايونلىرى ۋە مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى قوغداش رايونلىرىنىڭ جايلىشىش خەرىتىسى

### 2 - پاراگراف يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ جايلىشىشىنى ياخشىلاپ، ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كەسىپ بەلبېغى ۋە ئۆزگىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئەۋزەل رايونى بەرپا قىلىش كېرەك. ئاشلىق، ئىقتىسادىي زىرائەت ۋە يەم - خەشەكنى بىرتۇتاش پىلانلاش، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىقنى ماسلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، زامانىۋى چارۋىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، سۇ مەھسۇلاتلىرى ئېكولوگىيەلىك ساغلام باقمىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، باغۋەنچىلىكنى جايلارنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. سۈپەتلىك ئاشلىق قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنى تېپ ئۆزگەرتىپ يېشىللاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ماكانىنىڭ مۇھىتىنى قوغداش ۋە تۈزەشنى كۈچەيتىپ، سۇ تېجەر يېزا ئىگىلىكى ۋە بىنەم يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانچىلىق دورىسى، خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلىتىش مىقدارىنى ئازايتىش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، سۇلياۋ يوپۇقتىن بۇلغىنىشنى تۈزەپ، سۇلياۋ يوپۇقنى يىغىۋېلىپ ئىشلىتىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، شاخ - شۇمبىدىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش ۋە چارۋا - قۇش قىغ - ماياقلىرىنى بايلىققا ئايلاندۇرۇپ ئىشلىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. يېشىل يېزا ئىگىلىكى ئۆلچەم سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېشىل يېمەكلىك، ئورگانىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى ۋە جۇغراپىيەۋى بەلگىلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېتىراپ قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت بىخەتەرلىكىنى پۈتۈن جەريانلىق نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، سۈرۈشتۈرۈش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسىپلىرى باغچا رايونى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈلگە رايونلىرىنى بەرپا قىلىش لازىم.

### 3 - پاراگراف يېزا - كەنت ئىقتىسادىنىڭ كەسىپ ھالىتىنى بېيىتىش

ناھىيە ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېزىلاردىكى 1 -، 2 -، 3 - كەسىپنىڭ يۇغۇرۇلما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، خەلقنى بېيىتىدىغان زامانىۋى يېزا - كەنت ئۆزگىچە كەسىپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم. تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، پىششىقلاشنىڭ بىرلەششى ۋە كەسىپ زەنجىرىنىڭ قايتا بەرپا قىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش كەسپى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمەتچىلىكىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىستراھەت يېزا ئىگىلىكى، يېزا - كەنت ساياھەتچىلىكى، پۇقراۋى قونالغۇ ئىگىلىكى قاتارلىق ئۆزگىچە كەسىپلەرنى زورايتىش لازىم. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى يېڭى ساقلاش ئەسلىھەسى ۋە سوغۇق زەنجىرسىمان ئەشيا ئوبوروتى ئەسلىھەسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا مۈلۈك ھوقۇقى سودىسى، سودا ئوبوروتى، تەكشۈرۈش - ئۆلچەش - ئېتىراپ قىلىش سۈپىلىرى ۋە ئۆلچەملىك ئاقىل زاۋۇت بىناسى قاتارلىق ئەسلىھەلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇلارنى يېزىلاردىكى 2 -، 3 - كەسىپنى نىشانلاپ تەرەققىي قىلىشقا يېتەكلەش لازىم. مەنپەئەتنى چېتىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «بايلىقنى مۈلۈككە، مەبلەغنى پايغا، دېھقاننى پايچېكقا ئايلاندۇرۇش» ئارقىلىق، دېھقانلارنى كەسىپ قوشۇلما قىممەت پايدىسىدىن تېخىمۇ كۆپ بەھرىلەندۈرۈش كېرەك.

## 24 - باب يېزا - كەنت قۇرۇلۇشى ھەرىكىتىنى يولغا قويۇش

يېزا - كەنت قۇرۇلۇشىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىش - تۇرمۇش ئېكولوگىيە بوشلۇقىنى ئەلالاشتۇرۇپ، كەنت قىياپىتى ۋە ياشاش مۇھىتىنى ئىزچىل ياخشىلاپ، ياشاشقا باب گۈزەل يېزا - كەنت بەرپا قىلىش كېرەك.

### 1 - پاراگراف يېزا - كەنت قۇرۇلۇشىنى پىلانلاش - يېتەكلەشنى كۈچەيتىش

ناھىيە تەۋەسىدىكى بازار ۋە كەنتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ قۇرۇپ، يەر ئىشلىتىش، كەسىپ تەرەققىياتى، مەھەللە قۇرۇلۇشى، ياشاش مۇھىتىنى تۈزەش، ئېكولوگىيەنى قوغداش، ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش، تارىخىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىقلارنى تولۇق نەزەرگە ئېلىش لازىم. ناھىيە تەۋەسىدىكى كەنتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش يىرىك پىلانىنى ئىلمىي تۈزۈپ، كەنت قۇرۇلۇشىنى جايلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ تۈرلەر بويىچە ئىلگىرى سۈرۈپ، ئومۇمىي يەرنى ئۇنىۋېرسال تەرتىپكە سېلىشنى قېلىپلىق قانات يايدۇرۇپ، ئەنئەنىۋى مەھەللە، مىللىي كەنت - قورۇلارنى ۋە يېزا - كەنت قىياپىتىنى قوغداپ، كەنت - مەھەللىلەرنى ئۆز مەيلىچە ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ياكى قوشۇۋېتىپ چوڭ مەھەللە قۇرۇش ۋە دېھقانلارنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ ھالدا كەڭ كۆلەمدە چېقىش - قۇرۇش قىلمىشلىرىنى قەتئىي مەنئى قىلىش لازىم. يېزا - كەنت تۇرمۇش بوشلۇقىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش بوشلۇقى ۋە يېزا - كەنت ئېكولوگىيە بوشلۇقىنى قەتئىي قوغداپ، باقمىچىلىقتىكى بېقىشقا باب رايون، بېقىشقا چەك قويۇلىدىغان رايون، بېقىش چەكلىنىدىغان رايونلارنى ئىلمىي ئايرىش لازىم. شارائىتى يار بېرىدىغان رايونلارنىڭ قوللىنىشچان كەنت يىرىك پىلانى تۈزۈشكە ئىلھام بېرىش كېرەك.

### 2 - پاراگراف يېزا - كەنتلەرنىڭ ئۇل ئەسلىھە ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش

شەھەر - يېزا يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ناھىيەنى ئاساسىي بىرلىك قىلغان ھالدا ئىلگىرى سۈرۈپ، ناھىيەنىڭ ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت ئىقتىدارى ۋە يېزا - بازارلارنىڭ دېھقانلارغا مۇلازىمەت قىلىش فۇنكسىيەسىنى كۈچەيتىش كېرەك. شەھەر - يېزا ئۇل ئەسلىھەلىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاش، بىرتۇتاش قۇرۇش، بىرتۇتاش باشقۇرۇش - ئاسراش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، شەھەر مەمۇرىيىتى ئاممىۋى ئەسلىھەلىرىنى شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا - كەنتلەر ۋە چوڭراق مەركىزىي بازارلارغىچە ئۇزارتىشقا تۈرتكە بولۇپ، يېزا - كەنتلەرنىڭ سۇ، توك، يول، گاز، پوچتا ئالاقىسى، رادىيو - تېلېۋىزىيە، ئەشيا ئوبوروتى قاتارلىق ئۇل ئەسلىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دېھقان ئۆيلىرىنىڭ قۇرۇلۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش لازىم. شەھەر - يېزا ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمىتىنىڭ ئۆلچىمى ۋە تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، يېزىلارنىڭ مائارىپ، داۋالاش، كۈتۈنۈش، مەدەنىيەت قاتارلىق مۇلازىمەت تەمىناتىنى ئاشۇرۇپ، ئوقۇتقۇچى، دوختۇرلارنىڭ ئىش ئورنىنى ناھىيە بويىچە ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىجتىمائىي كۈچلەرنى يېزا پاراۋانلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. دېھقانلارنىڭ پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا - كەنت ئىختىساسلىقلىرىنى كۆپەيتىشكە تۈرتكە بولۇش لازىم.

### 3 - پاراگراف يېزىلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ياخشىلاش

يېزىلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى تۈزەش - يۈكسەلدۈرۈش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كەنت ئەتراپىنى ئەخلەت قاپلاپ كېتىش ۋە يېزا - كەنتلەردە قارا سېسىق سۇ يىغىلىپ قېلىش قاتارلىق گەۋدىلىك مۇھىت مەسىلىلىرىنى پۇختا قەدەم بىلەن ھەل قىلىش كېرەك. يېزا تۇرمۇش ئەخلىتىنى ئۆز جايىدا تۈرگە ئايرىش ۋە بايلىققا ئايلاندۇرۇپ پايدىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا تۇرمۇش يۇندىسىنى يېزا - بازارلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي ۋە مەركىزىي كەنتلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ھالدا قەدەممۇقەدەم تۈزەش لازىم. جايلارنىڭ يېزا ھاجەتخانا ئىنقىلابىنى ئۆز ئەھۋالىغا ئاساسەن ئىلگىرى سۈرۈشنى قوللاش لازىم. يېزا سۇ سىستېمىسىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. كەنتلەرنى تازىلاش ۋە كۆكەرتىش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، كەنت ئاممىۋى بوشلۇقى، ھويلا - ئاران ۋە كەنت ئەتراپىنىڭ پاكىز، رەتلىك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

10 - جەدۋەل زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى، يېزا بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشى

| | |
|---|---|
| 01 | **يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز**<br>60 مىليون مو يۇقىرى ئۈنۈملۈك تېجەپ سۇغىرىلىدىغان ئېتىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 275 مىليون مو يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىزنى يېڭىدىن بەرپا قىلىش لازىم. شەرقىي شىمال رايونىدا 140 مىليون مو قارا تۇپراقلىق يەرنى قوغداش خاراكتېرلىك تېرىش لازىم. |
| 02 | **زامانىۋى ئۇرۇقچىلىق**<br>دۆلەت زىرائەت ئۇرۇق بايلىقى ئۇزاق مۇددەتلىك ئامبىرى، ئۇرۇق بايلىقى ئوتتۇرا مۇددەتلىك تارماق ئامبىرى قۇرۇپ، خەينەن، گەنسۇ، سىچۈەن قاتارلىق جايلاردىكى دۆلەت دەرىجىلىك سورت - نەسىل يېتىشتۈرۈش بازىلىرىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، خېيلۇڭجياڭ دادۇر بازىسى قاتارلىق رايونلۇق سورت - نەسىل يېتىشتۈرۈش بازىلىرىنى قۇرۇش لازىم. دۆلەت چارۋا - قۇش ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرى ئۇرۇق بايلىقى ئامبىرى، نەسىل ساقلاش مەيدانى (رايونى) ۋە گېن ئامبىرىنى يېڭىدىن قۇرۇپ ۋە كېڭەيتىپ - ئۆزگەرتىپ قۇرۇپ، دۆلەت دەرىجىلىك يادرولۇق چارۋا - قۇش نەسلى يېتىشتۈرۈش مەيدانى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. |
| 03 | **يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش**<br>300 زىرائەت ئىشلەپچىقىرىشنى پۈتۈن جەريانلىق ماشىنىلاشتۇرۇش ئۈلگە ناھىيەسى، 300 ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى ۋە كۆلەملىك باقمىچىلىقنى پۈتۈن جەريانلىق ماشىنىلاشتۇرۇش ئۈلگە ناھىيەسى بەرپا قىلىپ، يەرنى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئارقىلىق چوڭقۇر بوشىتىپ تۈزلەش، ئېدىرلىق ۋە تاغلىق رايون ئېتىزلىرىنى ئۆزگەرتىپ ماشىنىلاشقان مەشغۇلاتقا لايىقلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. |
| 04 | **ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئەسى ۋە زىرائەت كېسەللىك - ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش**<br>ھايۋانات يۇقۇمى دۆلەت پايدىلانما تەجرىبىخانىسى ۋە ئېپىتېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈپ ئۆلچەش رايونى مەركىزىنىڭ ئەسلىھە شارائىتىنى ياخشىلاپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئەسى مەخسۇس ئۆسكۈنىلىرى ۋە ئاساسىي قاتلامنىڭ ھايۋانات ۋاكسىنىسىنى سوغۇق ساقلاش ئۆسكۈنىلىرىنى ياخشىلاپ، ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئە مەخسۇس يولى ۋە ئاغرىپ ئۆلگەن ھايۋانلارنى زىيانسىز بىر تەرەپ قىلىش مەيدانى قۇرۇش لازىم. زىرائەت كېسەللىك - ھاشارات زىيىنىنى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش مەركىزى، كېسەللىك - ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ جىددىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى، دېھقانچىلىق دورىسى خەتىرىنى كۆزىتىش مەركىزىنى دەرىجىگە ئايرىپ قۇرۇش لازىم. ئورمان ۋە ئوتلاق كېسەللىك - ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى قۇرۇش كېرەك. |
| 05 | **يېزا ئىگىلىكىنىڭ دائىرىلىك بۇلغىنىشىنى تۈزەش**<br>چاڭجياڭ، خۇاڭخې قاتارلىق دەريالارنىڭ نۇقتىلىق ۋادىلىرىدىكى مۇھىتى نازۇك رايونلاردا 200 يېزا ئىگىلىكىنىڭ دائىرىلىك بۇلغىنىشىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش ئۈلگە ناھىيەسى بەرپا قىلىپ، باقمىچىلىق چارۋا - قۇش قىغ - ماياقلىرىنى بايلىققا ئايلاندۇرۇپ پايدىلىنىشنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاساسلىق سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقى رايونلىرىدا كېرەكسىز سۇ تىزگىنلەشنى ئالغا سىلجىتىش لازىم. |
| 06 | **يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سوغۇق زەنجىرسىمان ئەشيا ئوبوروتى ئەسلىھەلىرى**<br>يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سوغۇق زەنجىرسىمان ئەشيا ئوبوروتى بويىچە 30 مەملىكەت خاراكتېرلىك تايانچ بازا، 70 رايون خاراكتېرلىك تايانچ بازا قۇرۇپ، ئېتىز بېشى بازارلىرىدىكى يېڭى ساقلاش ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلاپ، بېكىتىلگەن قۇشخانىلارنىڭ سوغۇق زەنجىرسىمان ساقلاش - توشۇش ئەسلىھەلىرىنى ئۆزگەرتىش لازىم. |
| 07 | **يېزا - كەنت ئۇل ئەسلىھەلىرى**<br>تەبىئىي كەنت يوللىرىنى قاتتىقلاشتۇرۇشنى جايلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىلگىرى سۈرۈپ، كەنت - گۇرۇپپىلارنى تۇتاشتۇرۇشنى ۋە كەنت ئىچى يوللىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا سۇ بايلىقىنى قوغداش ۋە سۇ تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئېلېكتر تورىنىڭ دەرىجىسى ۋە يېزا كەڭ بەلۋاغلىق تورىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، باشقۇرۇش - ئاسراشنى كۈچەيتىش لازىم. |
| 08 | **يېزىلارنىڭ ياشاش مۇھىتىنى تۈزەپ ياخشىلاش**<br>ئىقتىسادى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان رايونلار ۋە دېڭىز يۈزىدىن بەك ئېگىز، سوغۇق، سۇ كەمچىل رايونلاردا يېزا ھاجەتخانىلىرىنى ئۆزگەرتىشنى تەرتىپلىك ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. 600 ناھىيەنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ناھىيە بويىچە تۈزىشىنى قوللاپ، يېزا تۇرمۇش ئەخلىتى ۋە يۇندى بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇش لازىم. |

(ئاخىرى 14 - بەتتە)